# يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن ئومۇمىي بايان

ۋېي لياڭتاۋ

يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدا مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى پارچە - پۇرات ماتېرىياللارلا قالدۇرۇلغان، خەنزۇچە ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ مەنبەلىرىدىمۇ ناھايىتى كەم تىلغا ئېلىنغان، ئالگىرى ئۆتكەن كىشىلەر بۇ ھەقتە ھېچقانچە تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بارمىغان. بۇ ماقالىدە ئالگىرىكى ۋە كېيىنكى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەمدە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۈستىدە ئومۇمىي بايان بېرىپ ئۆتمەكچى.

## ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى

«تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات مۇنداق دېگەن: «ئۇدۇن (خوتەن) ۋە قەشقەر ئاھالىسىنى تۆت تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. بىر تۈرى تۇمەن دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى دېھقان دېگەن بولىدۇ. ئۇلار خانغا تەۋە بولۇپ، ھەر يىلى خانغا ئىجارە - باج تاپشۇرىدۇ. يەنە بىر تۈرى قۇچىن دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى ئەسكەر دېگەن بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ جەمەتىمگە تەۋە. ئۈچىنچى تۈرى ئايماق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارغا مائاش ئۈستىدە ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا ئاشلىق ۋە كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر بېرىلىدۇ. ئۇلارمۇ مېنىڭ جەمەتىمگە تەۋە. تۆتىنچى تۈرى ئەدلىيە ئورۇنلىرىدىكى ئەمەلدارلار ۋە مەسچىت - خانىقالارنى باشقۇرغۇچى خادىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مېنىڭ جەمەتىمدىن كېلىپ چىققان.» (1) بارتولد مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ بۇ سۆزىنى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلىغان: بىرىنچى تۈردىكى ئاھالە — تۇمەن، بۇ ئاتالغۇ قەشقەرنىڭ ئىپتىدائىي ئاھالىسىنىڭ سۆزىدىن تۈركىي تىلغا ئايلانغان بولۇپ، «كۆپ»، «ئون مىڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، كېيىن بۇ ئاتالغۇ كۆپ ھاللاردا تۇراقلاشقان ئاھالە گۇرۇھىغا قارىتا قوللىنىلىپ، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ھەربىي قوشۇنىنى بىلدۈرىدىغان مەنىدە ناھايىتى كەم قوللىنىلىدىغان بولغان. ماۋرا ئۇننەھر رايونىدا «تۇمەن» دېگەن بۇ ئاتالغۇ تاغلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرگە ئوخشىمايدىغان تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى تۈردىكى ئاھالە — قۇچىن، ھەربىي

www.uyghurkitap.com

قوشۇندا ئىمتىيازغا ئىگە ھېلىقى بىر قىسىم ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ئەۋرىدىنىڭ ئېيتىشىچە، خاننىڭ ئۆز يېنىدا تۇرىدىغان مىڭ كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇنى قوشۇ نام بىلەن ئاتالغانىكەن. ئۈچىنچى تۈردىكى ئاھالە — ئايماق، بۇلار كۆچمەن چارۋىچىلار دۇر. تۆتىنچى تۈردىكى ئاھالە — ئەمەلدارلار ۋە دىنىي ئەربابلار دۇر. بار تولدىنىڭ قارىشىچە، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى تۈردىكى ئاھالىلەر يەنى قۇچىن بىلەن ئايماق موڭغۇللار بولسا كېرەك ②.

مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئېيتقىنى يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋال بولۇپ، كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە شۇنداق بولۇپ كەلگەن. ئەمدى بۇ تۆت تۈردىكى ئاھالىنى تۆۋەندە ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

(1) ئەسلى يار تۇراقلاشقان ئاھالە، ئاساسلىقى دېھقانلار دۇر. موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتىن ئىلگىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي يولىدا دېھقانچىلىق خېلى تەرەققىي تاپقان بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئاساسى ئىدى. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە، يەرلىك تۇراقلاشقان ئاھالە خاننىڭ پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ، خانغا باج - پاراق تۆلەيتتى. تۇراقلاشقان بۇ ئاھالىلەر «تۇمەن» دەپ ئاتىلىپ، دېھقانچىلىق ئاھالىلىرىدىن باشقا، ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا تۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە بۇ خىل ئەھۋال يەنە داۋاملىق ساقلانغان.

(2) كۆچمەن چارۋىچىلار. يەنى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ھۆكۈمران مەللەت سۈپىتىدىكى موڭغۇللار ئاۋۋالقىدەكلا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشايتتى. XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىڭ سۇلالىسى ئەلچىسى چېن چېڭ مەزكۇر خانلىققا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە مۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرگەن: «قەلئە - ئۆي ۋە سالمىغان، تۇرار جايى مۇقىم ئەمەس، كىيىمەت شارائىتىغا قاراپ، سۇ - ئوت قوغلىشىپ، ئات - كالا بېقىش بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ، شۇڭا دالىغانلا يېرىدە چېدىر تىكىپ، ئۈستىنى كىگىز بىلەن ياپىدۇ، سوغاق ۋە ئىسسىقتىن پانالىنالمايدۇ، ئولتۇرۇش - يېتىشى يەر ئۈستىدە بولىدۇ» ③ ئالا ھازەل شۇ زامانلاردا ئىسپانىيىدىن ئەلچى بولۇپ كەلگەن كراۋىخاۋ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كىرگەن موڭغۇللارنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلغان: «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ خالىغان ھەر قانداق جايلارغا بارالايدۇ، مەيلى ياز ياكى قىش بولسۇن، ئۆزلىرى ياقتۇرغان جايلاردا چارۋىلىرىنى بېقىپ، تېرىقچىلىقمۇ قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلار ئەركىن بولۇپ، خانغا باج - پاراق تاپشۇرمايدۇ، چۈنكى خان چاقىرىق قىلغاندا، ئۇلار جەڭگە ئۇچۇن كۆچ چىقىرىدۇ.» ④ يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدىنقى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىمۇ موڭغۇللارنىڭ ئەھۋالى ئاساسەن شۇنداق ئىدى، ئۇلار ئاساسلىقى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەنىلا قەبىلە تەشكىلى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقاتتى. شۇڭا «ئايماق» دەپ ئاتىلاتتى. «ئايماق» موڭ-

ـزۇل تىلىدا «قەبىلە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ⑤. ئۇنىڭ ئەرلىرى تىنچ چاغلاردا چارۋا باقىدۇ، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا جەڭگە چىقىدۇ، شۇڭا خان ئۇلارغا ھەر يىلى «مائاش سۈپىتىدە مەلۇم مىقداردا ئاشلىق ۋە كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىدۇ». موغۇل ئۇلۇسىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن تۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئۆتۈشكە ئەگىشىپ، ئۇرۇقداشلىق ـ قەبىلە تەشكىلىي شەكىللىمۇ تەدرىجىي يىمىرىلگەن. يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، موغۇللارنىڭ ئايمىقى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك ئۇيغۇر دېھقان ئاھالىسىگە سىڭىپ كەتكەن.

(3) ئەسكەرلەر. بۇ مەخسۇس «قوچىن» دەپ ئاتىلىدىغان ئەسكەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار موغۇل ئۇلۇسىنىڭ ئايماقتىن ئىبارەت تەشكىلىي شەكلىدىن ئايرىلىپ چىققان ھېلىقى بىر قىسىم كىشىلەردۇر. قوچىنلار ئەمدى تىنچ چاغلاردا مال بېقىپ، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا جەڭگە چىقىدىغان چارۋىچىلار ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش ـ قىرغىننى كەسىپ قىلغان ئەسكەرلەردۇر. قوچىن تەشكىلى خاننىڭ ياكى مەلۇم ئەمىرنىڭ مۇنتىزىم قوراللىق قوشۇنى بولۇپ ئادەتتىكى چاغلاردا خاننىڭ ياساۋۇل قوشۇنى ياكى مەلۇم ئەمىرنىڭ مۇھاپىزەت ئەترىتى بولۇپ، خىزمەت قىلاتتى. ئۇلار خاننىڭ ياكى مەلۇم ئەمىرنىڭ ھوقۇق كۈچىنىڭ «تۈۋرۈك تېشى» ھېسابلىناتتى، شۇڭا ئۇلار مەلۇم ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. قوچىن دېگەن بۇ ئاتالغۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى موغۇل دۆلىتىنىڭ «كېشىگ» دېگەن سۆزى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ ⑥.

(4) ئەمەلدارلار ۋە دىنىي ئەربابلار. مۇھەممەد ھەيدەر ئېيتقان «ئەمەلدارلار» مەخسۇس ئەدلىيە تارماقلىرى ۋە مەسچىتلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى باشقۇرىدىغان خادىملار (مۇتەۋەللىلەر)گە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئەمەلدارلار كۆپىنچە دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ جەمەتىدىن قويۇلاتتى. ئەمما بارتولد بۇنى ئادەتتىكى مەنىدىكى «ئەمەلدار» ۋە «دىنىي زات» دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بۇ قارىشى مۇۋاپىق ئەمەستەك قىلىدۇ. چۈنكى مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئېيتقىنى يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋال بولۇپ، ئۇ چاغدا دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقى دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەر جەمەتىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. ئەمەلدارلار ۋە دىنىي كۈچلەر تېخى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. لېكىن بارتولد ئىزاھلىغان مەنە خانلىقنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىگە تەتبىقلانسا توغرا بولمايدۇ: دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ كۈچ تەسىرى رەشىد خان تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، خاننىڭ ھوقۇقى كۈچەيگەن، دۆلەت ئاپپاراتى كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلغان، بيۇروكرات ئورگانلار بارغانسېرى مۇكەممەللەشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلار سانى خېلى كۆپ بىر تەبىقە بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇ دەۋردە، ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى تەسىرىمۇ كۈن-

دىن – كۆنگە كۆچىيىپ، ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى دىنىي زاتلاردىن بولغان ئاتاغلىق خوجىلار بىلەن ئاق تاغلىق خوجىلار يۇقىرىسىدا ئىسيان – بەگلەرگە يامىشىپ خەلق ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، كەڭ كۆلەمدە مۇرىت توپلاپ، قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ ۋە زور مىقداردا بايلىققا ئىگە بولۇپ، قۇدرەتلىك سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە ئالاھىدە تەبىقە بولۇپ شەكىللەنگەن. ئەمەلدارلار تەبىقىسى بىلەن دىنىي زاتلار تەبىقىسى ئوخشاشلا ھۆكۈمران سىنىپقا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار كۆپ ھاللاردا يەنە سودا-سانائەت پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ خەلقئارا سودا ۋە كان قېزىش ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازلىرىغا تايىنىپ، زور پايدىغا ئېرىشكەن.

مۇھەممەد ھەيدەر ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنى بۇنداق ئايرىشتا، ئاساسىي جەھەتتىن مىللەت – كەسىپنى ئۆلچەم قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەكەن خانلىقىنىڭ شۇ چاغدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي – ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: لېكىن بۇ سىنىپىي ئايرىش ئەمەس، ئۇ شۇ جەمئىيەتتىكى سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنىڭ ماھىيىتىنى، يەنى تۈمەن ئىچىدىكى پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلارنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى، ئايماق ئىچىدىكى چارۋىدارلار بىلەن پادىچىلارنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى ھەمدە پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقنى ئېچىپ بېرەلمىگەن.

## دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق

دېھقانچىلىق جەھەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز؛ چىڭ سۇلالىسى تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن تۈزۈلۈپ، چىيەنلۇڭ «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» گە بۇ جەھەتتىكى بىر قەدەر سىستېمىلىق ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى يەكەن خانلىقىنىڭ ئەھۋالى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنى ئايرىم – ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز:

(1) ئومۇمىي ئەھۋال: «تاغنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا شەھەر-ئوردىلار بار، قەدىمكى تۇرار جايلارنىڭ تاملىرى بار؛ ئېتىزلارغا ئېرىق چېپىپ قىر سالدى، پەسىلگە قاراپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەرلىرى يەر تېرىيدۇ، ئاياللىرى توقۇمىچىلىق قىلىدۇ؛ «خەننامە» دە رىچە-رچەندە ئىلگىرى تۈرلۈك زىرائەتلەر تېرىلاتتى، دېيىلگەن. ھازىر قارىغاندىمۇ، قەدىمكى ئېيتىلغانلاردىن پەرقلەنمەيدۇ» ⑦.

(2) زىرائەت تۈرلىرى: بۇغداي، شال، سۆك، تېرىق، قوناق، ئارپا، كۆك پۇرچاق، بېسى پۇرچاق، قىزىل ماش، يېشىل ماش، كەندىر، كېۋەز؛ تاۋۇز، قوغۇن؛ پىيدىگەن،

كاۋا، سەۋزە، تۇرۇپ - چامغۇر، كۆدە، پىياز، لازا (مۇچ)، قارىمۇچ، چىڭسەي، ئاپتاپپە-
رەس، بىدە قاتارلىقلار ⑧ بولۇپ، ئۇلارى ناھايىتى كۆپ، بۇ يەرنىڭ «ئۈجمە، كەندىر،
سۆك - تېرەكلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىگە بەئەينى ئوخشاپ كېتىدۇ» ⑨.

(3) باغۋەنچىلىك : «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 329- جىلد «ئازكچۇن تەزكىرىسى»
دە، بۇ شەھەرنىڭ «تۆت ئەتراپى باغ - ۋارانلىق، ئېقىن سۇلار شەھەر ئەتراپىنى
ئايلىنىپ ئۆتىدۇ، دەل - دەرەخلەر بۈك - باراخسان، يەرلىرى تېرىق، بۇغداي، پۇرچاق،
كەندىر تېرىشقا باپ كېلىدۇ، شاپتۇل، ئالۇچا، چىگدە، قوغۇن، كاۋا قاتارلىق مېۋىلەر
بار، ئۈزۈم ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇششاق ھەم تاتلىق، ئۇرۇقى يوق، بۇ كىشمىش ئۈزۈم
دەپ ئاتىلىدۇ.» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلەر ئاساسەن شۇنداق. بۇ ھەقتە يوللىغ
چۇسايىنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» ۋە لى جىچاڭنىڭ «ئەۋلىياچىڭ چۇجىننىڭ
غەربكە قىلغان زىيارىتى» دە يۇقىرىقىلا مەلۇمات بېرىلگەن ⑩. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرى-
تىلىك تەزكىرىسى» دە، «مۇسۇلمانلار يۇرتى» دىكى باغلاردىن چىققان مېۋىلەر كون-
كرېت خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا ئۇرۇقسىز كىشمىش ئۈزۈمدىن باشقا، يەنە ئانار، ئالما،
بىيە، نەشپۈت، گىلاس، ئۆرۈك، ھالۋابېدىت، ياڭاق، ئالۇچا، شاپتۇل، چىگدە قاتارلىق
مېۋىلەر ئاتاپ ئۆتۈلگەن؛ ئادەتتە يەنە بەزى دەل- دەرەخ، گۈل - گىيالار، مەسىلەن:
سۆگەت، ئاق تېرەك، زىۋا تېرەك، قارىغاي، ئارچا، توغراق، قىزىل گۈل، تاجگۈل،
گۈلىيەسمەن، خىنىگۈل، رەيھانگۈل قاتارلىقلارنىڭمۇ ئۆستۈرۈلىدىغانلىقى ئېيتىلغان ⑪.

(3) ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى: بۇقۇسا، تۆمۈر چىشلىق ساپان، قوش ئىشلە-
تىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن يەرنى ئاغدۇرۇپ، تۇپراق يۇمشىتىلىدۇ. تىرنا، «ئۇرۇق سېلىنغان-
دىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆرەم سىلىپ، توپا يوپۇرۇلىدۇ». كەتمەن، «شەكلى جۈتتۇغا
ئوخشاپراق كېتىدۇ، باش تەرىپى يۇمىلاق بولىدۇ، دەستىسى جىگدە ياغىچىدىن تۈز
قىلىپ ياسىلىدۇ، ئۇ يەر چېپىش، ئېرىق قېزىشقا ئىشلىتىلىدۇ ۋە سۇ باشلاپ ئېتىز سۇغىرى-
لىدۇ»، بۇسايمان ھازىرمۇ شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ. ئورغاق، «شەكلى
ئەگمەش بولۇپ، ساپ پولاتتىن ياسىلىدۇ، بېشى ۋە دەستىسى تۆمۈر بولۇپ، شال ۋە
بۇغداي ئورۇشقا ئىشلىتىلىدۇ». ياغاچ ئارا، ياغاچنى يېرىپ ياسىلىدۇ، بەش ياكى ئۈچ-
تۆت چىشلىق بولۇپ، زىرائەتلەرنى يىغىش، يېيىپ تەكشىلەپ قۇرۇتۇش، شاخ - شۇمبا،
ئوت - سامانلارنى قاچىلاش - چۈشۈرۈش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ» ⑫. ئومۇمەن ئېيتى-
قاندا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار ئاددىي بولۇپ، ئۇزاق
مۇددەتكىچە ئۆزگىرىش بولمىغان، مەسىلەن، كالا قوشۇپ يەر ھەيدەيدىغان ساپان ۋە
كەتمەن قەدىم زاماندىكى قىزىل مىڭئۆينىڭ تام رەسىملىرىدىمۇ كۆرۈلگەن.

(4) ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى: يۈكگۈي يازغان «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ تەز-
كىرىسى» 2- جىلد نىڭ «تېرىقچىلىق» دېگەن قىسمىدا: «ئۇرۇق سېلىشتا چاناق ئىش-

لەتمەي، قول بىلەن چاچىدۇ. ئۇرۇقچاچقۇچ يوق، ئۇلاش ئېغىزلىرىنى ... دېيىلـگەن، جىڭ يۈن يازغان «ئۈرۈمچى ھەققىدە خاتىرىلەر» دە: «ئۇرۇق ... چاچىدۇ، زىچ ـ شالاڭلىقى بەلگىسىز. چۈنكى تارتىپ ماڭالايدىغان ... دىكى ئوتلارنى قول بىلەنلا يۇلىدۇ. چاقلاپ ئوتاشنى بىلمەيدۇ» دېيىلگەن. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا يەر كۆپ ئادەم ئاز بولۇپ، يەرنى كۆپىنچە «نۆۋەت بىلەن دەم ئالدۇرۇپ تېرىيدۇ» ⑬، «بىر يىل دەم ئالدۇرۇپ بىر يىل تېرىيدۇ، ياكى ئىككى يىل دەم ئالدۇرۇپ بىر يىل تېرىيدۇ» ⑭. شۇنىڭ بىلەن يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ» دېيىلگەن. لېكىن ئوغۇت ئىشلىتىشمۇ بار، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 42 - جىلدتا: «ئوغۇتنى قىغ دەپ ئاتايدۇ. كالا - ئات قىغى ئاشلىق بولىدۇ، يەرنى ئۇنىڭ بىلەن ئوغۇتلىسا ھوسۇل ھەسسىلەپ ئاشىدۇ» دېيىلگەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، يەرلىك دېھقانچىلىق بىرلىك ئىشلىنىپ، تېخنىكا جەھەتتە بىر قەدەر قالاق ئىدى.

(5) ئاشلىق مەھسۇلاتى: يەكەن خانلىقىنىڭ دېھقانچىلىقى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىك ئىگىلىك بولۇپ، تېرىلىش كۆلىمى كەڭ، ئېلىنىدىغان ھوسۇلى ئازىدى، يەر دەم ئالدۇرۇپ تېرىلاتتى. شۇڭا تېرىلغۇ يەرنى ھېسابلاشتا يەرنىڭ كۆلىمىنى ئاساس قىلماي، چېچىلىدىغان ئۇرۇقنى ئاساس قىلىپ، «ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەر» دەپ ئاتايتتى. لېكىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا كۆپىنچە سۇغىرىپ تېرىلىدىغان ئۆلكە بولغاچقا، قۇرغاقچىلىق ۋە ھۆلچىلىك ناھايىتى ئاز يۈز بېرەتتى، تېرىلغان يەرنى چېچىلغان ئۇرۇق بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ ھوسۇلى ئاز ئەمەس ئىدى. 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياڭجۈنى جاۋخۇينىڭ پادىشاھ چيەنلۇڭغا يوللىغان دوكلاتىدا: «قەشقەر . . . ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ كەنتلىرىدە دائىر تېرىلىۋاتقان يەرلەردىن چېچىلغان ئۇرۇق بويىچە ھېسابلىغاندا، مول ھوسۇل يىللىرى 7 ـ 8 ھەسسە، قەھەتچىلىك يىللىرىدىمۇ 2 ـ 3 ھەسسە ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ» ⑮ دېيىلگەن. لېكىن، يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ ھوسۇل خېلىلا تۆۋەن. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە پايدىلىنىشقا بولىدىغان مۇنداق بىر سانلىق مەلۇمات خاتىرىلەنگەن: «ئۇچتۇرپاندا . . . ئەسلى يۇقىرىلار ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىپ كېلىۋاتقان يەر 84 مىڭ مو بولۇپ، يىللىق ھوسۇلىنىڭ ئوندىن بىر قىسمى يەر بېجى ئۈچۈن ئېلىنىدۇ، بەلگىلەنگەن نورمىسى 2250 دەن». شۇنداق بولغاندا، ئۇ يەرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن «نورما» بويىچە ھېسابلىغاندا، جەمئىي 22 مىڭ 500 دەن بولىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مو بېشىغا ئېلىنىدىغان مەھسۇلات 0.268 دەندىن توغرا كېلىدۇ. ئۇنى ئېغىرلىق ئۆلچىمىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، ئاران 29 كىلوگىرام بولىدۇ ⑯. شۇڭا مۇھەممەد ھەيدەر: «تېرىلغۇ ئىشلىرىدا كۈچ كۆپ سەرپ قىلىنىپ، ئاز ھوسۇل ئېلىنىدۇ،

ئۆز يېرىدىن چىققان مەھسۇلات دائىم بىر ھەربىي قوشۇننى تەمىنلەپ كەتكىلى بولماي- دۇ» دېگەن ⑰. دېھقانچىلىقتىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلاتنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئوزۇق مۇددەت- كىچە بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ ئالغۇدەك بولمىغانلىقى يەكەن خانلىقىنىڭ تەرەققى- ياتىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىپلا قالماي، بەلكى غەربىي يۇرتنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشى ۋە ئۇزۇن مالىمانچىلىقنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىشىنىڭمۇ تۈپ سەۋەبى ئىدى.

چارۋىچىلىق يەكەن خانلىقىدا مۇھىم ئىقتىسادىي ئورۇن تۇتاتتى. تىيانشان تاغ- لىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلىغان جاڭغا رايونلارنىڭ ھەممىسى ياخشى تەبىئىي ئوتلاق بولۇپ، ئۇ رايونلاردا تارىختا تەرەققىي تاپقان چارۋىچىلىق بولغانىدى؛ پامىر ئېگىزلىكى ۋە كوئىنلۇن تاغلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى چارۋىچىلىقنى ئا- ساس قىلىپ ياشايتتى. يەكەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، موغۇل ئۇلۇسى قەشقەرگە كەلدى، شۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دېگەن: ئۇلاردا «ئادەم ۋە چارۋا ئاۋۇپ كەتكەن» لىكتىن، ئۇ يەردىكى «كەڭ ئوتلاق يېتىشمەي قالغان» ⑱. كېيىنكى چاغلاردا موغۇللارنىڭ تۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق نىسبىي ھالدا ئاجىزلاشقان بولۇشى مۇمكىن؛ لېكىن قىرغىزلارمۇ يەكەن خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، ئۇلار ئىزچىل تۈردە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەكەن خانلىقىدىكى كەڭ دېھقان ئاھالىلىرى مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلارمۇ كەڭ تۈردە قوي - كالا بېقىپ، ئۇنى قۇربانلىق قىلىش ۋە ئوزۇقلۇق ئورنىدا ئىشلەتكەن.

## سودا - سانائەت ئەھۋالى

قاشتاش — يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋىرى بولغاچقا، تارىخ كىتابلىرىدا كۆپرەك خاتىرىلەنگەن. بولۇپمۇ پورتۇگالىيىلىك بېنوئىت دېگويس تەپسىلىي خاتىرىلەپ، قاشتاشنىڭ چىقىدىغان ئورنى، سۈپەت دەرىجىسى، كاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، ئىجارىگە بېرىش شەكلى، قېزىش ئۇسۇلى، ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ تەركىبى قاتارلىق ئەھۋاللارنى بايان قىلغان: «قاشتاش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلدىكىسى ئەڭ ئېسىل بولۇپ، خوتەن دەرياسىدىن چىقىدۇ. پايتەختتىن يىراق ئەمەس. سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغانلار دەرياغا كىرىپ سۈزۈۋالىدۇ. ئۇنىڭ سۈزگەنگە ئوخشاش. تاراشلاپ بىلىن- غاندىن كېيىن، چوڭلىرى چاقماق تېشىدەك بولىدۇ. ئىككىنچى خىلىنىڭ سۈپىتى ئانچە ياخشى ئەمەس. ئۇنى تاغدىن قېزىۋالىدۇ. چوڭلىرىنى پارچە-پارچىلايدۇ. كەڭلىكى تەخ- مىنەن ئىككى ئېللى (ell) كېلىدۇ. كېيىن ئۇنى يونۇپ كىچىكلىتىپ، ھارۋىغا قاچىلاشقا لايىقلاشتۇرۇلىدۇ. قاشتاش چىقىدىغان تاغ تاش تاغ دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىك خەلق ئۇنى كانسانغى قاشيو (CanSanhi-CaeiO) دەپ ئاتايدۇ. يەكەندىن تەخمىنەن 20

كۈنلۈك مۇساپە يىراقلىقتا. بۇ دۆلەتكە دائىر جۇغراپىيە كىتابلىرىدا خا... قاشتاش تېغى ئېھتىمال شۇ تاغ بولسا كېرەك. تاش تاغ شەھەردىن يىراق. چەت... جايلاشقان. قاشتاش غولى ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. شۇڭا قاشتاش قېزىش ئىشلىرى ئاسان ئەمەس. يەرلىك خەلقنىڭ ئېيتىشىچە، ئوت قالاپ كۆيدۈرگەندىن كېيىن، قاشتاش غولى ئاندىن يۇمشايدىكەن. قاشتاش قېزىش ھوقۇقى خاننىڭ ئىلكىدە بولۇپ، بۇ ھوقۇقنى خان سودىگەرلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. باھاسى ناھايىتى ئۈستۈن. ئەجارىگە ئالغان مەزگىلدە، سودىگەرنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ قېزىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئىشچىلار ئىشلەشكە بارغاندا، بىر يىللىق ئاشلىقنى ئېلىپ، توپ بولۇپ يەپ ئارتىپ ماڭىدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەھەرگە بارالمايدۇ» ⑲.

قول سانائەت جەھەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىغا كەلسەك، يەكەن خانلىقىغا دائىر تارىخ كىتابلىرىدا بۇ جەھەتتىكى خاتىرە كەم، لېكىن موغۇللار غەربىي يۇرتقا كىرىشتىن ئىلگىرىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ⑳ چىڭ سۇلالىسى تىيان-شاننىڭ جەنۇبىي - شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئەھۋال ㉑ بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىساق، يەكەن خانلىقىنىڭ قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتىكى ئەھۋالىنى ئاساسەن تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئەينى چاغدا ئۇ خانلىقتا پاختا توقۇمىچىلىقى (ئاساسا-قى كىيىم - كېچەك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ)، يۇڭ توقۇمىچىلىقى (گىلەم، كىگىز، توقۇلمىلار)، يىپەكچىلىك (كىيىم - بېزەكلىك)، كۆنچىلىك (ئاياغ كىيىمى ۋە باشقا جابدۇقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ)، بازغانچىلىق (دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش)، ياغاچچىلىق (سايمان ۋە يېمەك - ئىچمەك قاچىلايدىغان نەرسىلەرنى ياساش)، قورال - ياراق ياساش (قىلىچ، نەيزە، پالتا، خەنجەر، قۇلۇپ، قالقان - ساۋۇت، ئوقيا قاتارلىقلار)، مېتال تاۋلاش (ئاساسلىقى تۆمۈر، مىس)، ئەينەكچىلىك ۋە كۇلالچىلىق قاتارلىقلارنىڭ بولۇشى چوقۇم.

خانلىقنىڭ ئىچكى سودا ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز. بېنوئىت دىگويس ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە يەكەن شەھەرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ئۈستىدىلا توختىلىپ: «سودىگەرلەر قىم - قىم. ھەر خىل ماللار توپلانغان. بۇ شەھەر شۇ ئەتراپتىكى مەشھۇر سودا بازىرى» دېگەن ㉒.

خەلقئارا سودا ئەھۋالى توغرىسىدا تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەر بىر قەدەر كۆپ. يەكەن خانلىقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان خەلقئارا سودا يولى ھەققىدە مەۋجۇت. ھاجى مۇھەممەد مۇنداق دەپ يازغان: «سوجۇدىن قۇمۇلغىچە 15 كۈنلۈك يول . . . قۇمۇلدىن تۇرپانغىچە 13 كۈنلۈك يول. تۇرپاندىن چالىش (قارا شەھەر) گىچە 10 كۈنلۈك يول. ئۇيەردىن كۇچاغىچە يەنە 10 كۈنلۈك يول. بۇ ئارىلىقنىڭ ھەممىسىدە چۆللۈك ۋە قۇملۇقتىن ئۆتىدۇ. ئىلگىرى ماڭغاندا، يول بويىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئولتۇراق ئادەملەر بار

ئىدى. قەشقەردىن سەمەرقەندكىچە 25 كۈنلۈك يول. سەمەرقەندتىن خوراسان تەۋەسىدىكى بۇخارا شەھىرىگىچە بەش كۈنلۈك يول . . .» ㉓. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر يول بولۇپ، بۇ ئاقسۇدىن چىقىپ يەكەن، بەدەخشان، كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستانغا بارىدىغان يول ئىدى. بېنوئىت دېگويس كارۋانلارغا ئەگىشىپ لاھوردىن چىقىپ مۇشۇ يول ئارقىلىق يەكەن خانلىقىغا كەلگەن. ئۇ يەردىن يەنە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى شەھەرىگە بارغان. بېنوئىت دېگويس كارۋاننىڭ تەشكىلىي ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلغان: «كابۇلنىڭ تۆگە كارۋانلىرى مۇشۇ يەر (يەكەن شەھىرى) گە كېلىپ توختىدى. ئىلگىرىلەپ ماڭمىدى. قىتايغا بېرىش ئۈچۈن قوشۇننى قايتا تەشكىللەشكە توغرا كېلىدىكەن. كارۋان باشلىقىنى خان ئۆزى تەيىنلەيدىكەن. مەلۇم مىقداردا پۇل تاپشۇرسا ئاندىن بۇ ۋەزىپىگە ئېرىشەلەيدىكەن. خان ئۇنىڭغا تولۇق ھوقۇق بېرىدىكەن. كارۋان باشلىقى يول بويى سودىگەرلەرنى باشقۇرىدىكەن» ㉔. بۇ سودىگەرلەر «ئۆزلىرىنى ئەلچى دەۋېلىپ»، «خاننىڭ ۋەكىلى بولۇۋېلىپ، ساختا دۆلەت مەكتۇپى ياساپ چىقىپ، پادىشاھقا خۇشامەتگۈيلۇق قىلىدىكەن» ㉕. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخچىلىرى ئالاھىدە تەسۋىرلەپ، «ئوردىغا سالامغا كەلدى»، «ئوردىغا تارتۇق ئەكەلدى» دېگىنى مانا مۇشۇ. «تارتۇق قىلىنغان نەرسىلەر قاشتاش، بىرىليانت، توق قوڭۇر رەڭلىك باشقا تۈرلۈك بۇيۇملاردۇر . . . بۇ نەرسىلەرنى يۇقىرى پۇل تۆلەپ سېتىۋالىدۇ، تۆلەنگەن پۇلنىڭ كۆپلۈكىگە پادىشاھدىن باشقا ئادەم يېتىشەلمەيدۇ. پادىشاھ شۆھرەتپەرەس بولغاچقا، چەت ئەل سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، يۇقىرى باھادا پۇل تۆلىمىسە، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن زور نومۇس دەپ بىلىدۇ. پادىشاھ چەت ئەل مېھمانلىرىنى كۈتۈۋالغاندا، ناھايىتى ھەشەمەتلىك سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىدۇ . . . شۇ سەۋەبتىن، كىشىلەر ئەلچى بولۇپ بېرىشنى تالىشىدۇ. تارتۇق دەپ ئېلىپ بارغان نەرسىلەرنى كارۋان باشلىقىدىن يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدۇ.» بېنوئىت كەسكىن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «چىنلىقلار ئۇلارنىڭ ساختىلىقىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىنىشىغا سۈكۈت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلار زەررىچە مەمنۇن بولۇپ، پۈتۈن ئالەم چىن دۆلىتىگە تارتۇق يوللايدۇ، دەپ كۆرەڭلەيدۇ-يۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە چىن دۆلىتىنىڭ ھەر قايسى ئەللەرگە تارتۇق بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ» ㉖. زور مىقداردا قايتارما سوۋغات بېرىۋاتقانلىقتىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ «خەزىنىسى قۇرۇپ كېتىپ، كېيىن ئۇنداق قايتارما سوۋغات بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇش قىيىن بولغان» ㉗. پادىشاھ جىياجىڭ كېيىنكى چاغدا سالامغا كېلىش قېتىم سانى ۋە پايتەختكە كىرىدىغان ئادەم سانىغا مەلۇم دەرىجىدە چەك قويغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى مىڭ سۇلالىسىگە تارتۇق ئاپىرىشنى «ئالتۇن يول» ㉘ دەپ قارىغانىدى. بۇرۇنقىدەكلا ئايىغى ئۈزۈلمەي بېرىپ تۇرغان. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى»دە مۇنداق يېزىلغان: 1594-يىلى «تۇرپان سۇلتانى

يەكەن خانلىقىنىڭ مىسال يىل قويدۇرغانلىقى مۇناسىۋەتلىك تارىخ كىتابلاردا كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان (37)، لېكىن بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنغىنى يوق.

يەكەن خانلىقىدا جازانىخورلۇق بىر قەدەر ئەۋج ئالغانلىقى مەلۇم. تارىخچىلار خانىنىڭ ئادالىتىنى ماختىغاندا، ئۇنىڭ جازانىخورلارنى چەكلىگەنلىكى ياكى جازالىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، مەسىلەن، ئابدۇلھەلىم ۋە مەخمۇد خانلار (38).

ئىزاھلار:

---

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، خەنزۇچە نەشرى، 11-قىسىم، 25-بەت. ①
«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قوۋملار تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، «بارتولد ②
ماقالىلىرى توپلىمى» خەنزۇچە نەشرى، 5 - توم، 171 - بەت.
چېن چېڭ، لى شيەن: «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى». ③
«بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» خەنزۇچە نەشرى، 5 - توم، 171 — 172 - بەتلەر. ④
چېن يۈەنلىڭ تۈزگەن «مىللەت لۇغىتى» دىكى «ئايماق» دېگەن سۆزلەمگە قارالسۇن. ⑤
«جۇڭگو قامۇسى. جۇڭگو تارىخى»: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» قىسمى، «غەربىي ⑥
يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 39 - جىلد «ئۆرپ - ئادىتى» گە قارالسۇن. ⑦
يۇقىرىدىقى كىتاب، 43 - جىلد «يەرلىك مەھسۇلات. مۇسۇلمانلار يۇرتى. زىرائەت ⑧⑪
ۋە دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار» غا قارالسۇن.
«مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 332 - جىلد «ئۇدۇن تەزكىرىسى». ⑨
⑩
«غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» دە: سەمەرقەند «شەھەر ئەتراپىنى نەچچە ئون چاقىرىمغىچە باغ - ۋارانلار ئوراپ تۇرىدۇ، ھەممە ئائىلىدە باغ بار، باغلار كۆكۈلگە ئارام بەخش ئېتىدۇ، ئۆستەڭلەردە سۇ شارقىراپ، بۇلاق سۇلىرى بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ، چارسا ۋە يۇمىلاق كۆللەر بار، ئارچا - سۆگەتلەر بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، شاپتۇل - ئالۇچىلار رەت - رەت ئۆسكەن. ھەقىقەتەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ» دېيىلگەن. «ئەۋلىيا چيۇچۇجىننىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى» دىمۇ: شەھەرنىڭ غەربى ئورمانلىق بولۇپ، يۈز نەچچە چاقىرىم يىراقلىققىچە تۇتىشىپ كەتكەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكمۇ بۇنىڭغا يەتمەيدۇ» دېيىلگەن.
«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 42 - جىلد «كىيىم - كېچەكلەر». ㉑⑫
يۈڭ گۈي: «مۇسۇلمان يۇرتلىرى تەزكىرىسى» 4 - جىلد. ⑬
«مەرپەتلىك، قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى» 77 - جىلد، داۋ- ⑭
گۇاڭنىڭ 8 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.
«چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 582 - جىلد 16 - 17 - بەتلەر. ⑮



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

⑯ شۇ جايدا ئاشلىقنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى بويىچە، بىر پاتمان 573.44 كىلوگرامغا تەڭ كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىر پاتماننى 4.5 دەنگە باراۋەر دەپ بەلگىلىگەن، ئۇزاق ئۆتمەي 5.3 دەنگە ئۆزگەرتكەن. شۇڭا بىر دەن-نىڭ ئېغىرلىقى 108.196 كىلوگرامغا باراۋەر كېلىدۇ.

⑰⑱ «تارىخى رەشىدى» خەنزۇچە نەشرى، 2 - قىسىم، 218 - بەت.

⑲㉒㉔㉕㉖㉛㊱ جاڭ شىڭلاڭ: «بېنوئىت دېگويسىنىڭ قىتانغا قىلغان زىيارىتى»، «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت تارىخى ماتېرىياللار» 2 - قىسىم، 496 - بەت.

⑳ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 190 — 179 بەتلەر.

㉓㉞㉟ «ھاجى مۇھەممەد بىلەن قىلىنغان سۆھبەت خاتىرىسى»، «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت تارىخى ماتېرىياللار»، 2 - قىسىم، 402 - بەت.

㉗ شيايەن: «گۇيجۇ ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرى توپلىمى» 22 - جىلد.

㉘ ۋاڭ چۇڭ: «يات قوۋملارغا ئىنئام - سوۋغات بېرىش ئىشلىرى».

㉙ «مىڭ شېنزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 273 - جىلد، ۋەنلىنىڭ 22 - يىلى 5 - ئاي.

㉚ «بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» ۋە باشقا خەنزۇچە مەنبەلەردە «بەش يىلدا بىر قېتىم ئوردىغا سالامغا كېلىدۇ» دېيىلگەن. ئەمما پايتەختكە كىرىدىغان ئادەم سانىدا كۆپ قېتىم ئۆزگىرىش بولغان، مەسىلەن قومۇلدىن كېلىدىغان ئادەم 300 كىشىدىن بارا - بارا 30 كىشىگە ئازايغان.

㉜ «بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 107 - جىلد «يوسۇننامە»، 65 -، 112 - جىلد، «يوسۇننامە» 70.

㉝ «مىڭ شېنزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 301 - جىلد.

㊲ «تارىخى رەشىدى» خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم، 356 - بەت؛ «تارىخى جوراس»، 160 -، 177 -، 199 - بەتلەر.

㊳ «تارىخى جوراس»، 161 - 177 - بەتلەر.

(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» نىڭ 1992 - يىللىق 1 - سانىدىن قىسقار-تىپ تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز يۈسۈپ